”ئەتىكى قۇياش“ — ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ 11 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى



# بۈيۈك رومانتىك مۇزىكانت

# چوپىن —



مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



# بۈيۈك رومانتىك مۇزىكانت

# —— چوپىن

قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر: سۈي لى    شياڭ يۈن    جۈن ۋاڭ
يەن فاڭ    جاڭ پىڭ

رەسىمىنى سىزغۇچىلار: مياۋ ۋېي    لۇ لېي    ساۋ ئېرگاڭ
ليۇ جىڭ    خېجيې    ساۋ چاڭشو
ياڭ خوڭ    لۇ شياۋ    ۋاڭ جىڭ
چى شىن    لۇ جىگې    جاڭ يۈرۈڭ    شياۋ مىڭ

بەت ياسىغۇچى: جىنشيۇ شېگيى





## قىسقىچە مەزمۇنى

«دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى» —— ئىلىم-پەن، سىياسىي، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ھەم ئۆز كەسپىدە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەرنى تاللاپ تونۇشتۇرغان يۈرۈشلۈك، كۆڭۈلدىكىدەك باللار ئوقۇشلۇقى.


بۇ كىتابلاردا مۇشۇ شەخسلەرنىڭ پارلاق ئىش-ئىزلىرى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئېگىلمەس-سۇنماس كۈرەش قىلىش روھى نامايان قىلىنغان. بۇ تەرجىمىھاللارنى ئوقۇساق بىزنى بىلىمگە ئىلھامغا ئىگە قىلىدۇ، مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ سۈرەتلىرى نەپىس، تىلى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، ئوقۇشلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، كەڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى ھەم يېقىن دوستى بولالايدۇ.

## ... چوپىننىڭ تەرجىمھالى ...



چوپىن — پولشانىڭ ئەڭ بۈيۈك كومپوزىتورى ۋە دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك پىئانىنو مۇزىكىسى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ بىرى. 1810 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى پولشانىڭ سالازوۋالادا بىر ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا پولشا مىللىي مۇزىكىسى بىلەن ئۇچراشقان، 7 يېشىدا مۇزىكا يىغىلىشى ئۆتكۈزگەن. كېيىن ۋارشاۋا مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 16 يېشىدا داڭلىق مۇزىكىلارنى ئىشلىگەن. 1831 - يىلى ۋارشاۋا قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پارىژدا ۋاقىتىنچە تۇرغان ھەم مۇزىكا ئىجادىيىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە دائىم مۇزىكا سالونلىرىدا مۇزىكا ئورۇنلىغان. شۇ يىلى پارىژدا بىراقلا داڭ چىقارغان. ياقا يۇرتتا تۇرۇۋاتقان چوپىن يۇرتىنى قاتتىق سېغىنغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىگە چوڭقۇر ۋەتەن مۇھەببىتىنى سىڭدۈرگەن. داڭلىق «12 - نومۇرلۇق ئىنقىلاب مەشق مۇزىكىسى» نى مۇزىكا ئۇستازى شۇمان «گۈللۈكتىكى زەمبىرەك» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق بولۇپ چار رۇسىيىنىڭ پولشا مىللىتىنى بېسىۋالغانلىقى ۋە قۇل قىلغانلىقىغا ئۆمۈر بويى نەپرەتلەنگەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە بېسىۋېلىنغان دۆلىتىگە بولغان سېغىنىش ئىپادىلەنگەن. ئۇ ئىلھامغا تويۇنغان نوتىلىرى ئارقىلىق ۋەتىنىدىكى قىيىنچىلىق ۋە جاپالارنى بايان قىلغان ھەم مۇستەقىل بولۇش ئارزۇسى ۋە كەلگۈسى سەلتەنىتىگە زور ئۈمىد باغلىغان. چوپىن پولشا مىللىي مۇزىكىسىنىڭ روھى بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇ ئىجادىيەتتە مىللىي مۇزىكىلارغا يېڭى مەنالارنى قوشقان. ئۇ مۇقەددىمە بىلەن يومۇرىسكىنى مۇستەقىل پىئانىنو مۇزىكىسىغا تەرەققىي قىلدۇرۇپ پىئانىنونىڭ ئىقتىدارىنى ۋە گارمونىيەنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. بۇ كېيىنكى غەرب مۇزىكىسىدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان. 1849 - يىلى 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بۇ بۈيۈك رومانتىك مۇزىكانت قىسقا ھايات يولىنى تاماملىغان، ئۇ شۇ يىلى 39 ياشتا ئىدى. سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچى دەۋر بىلەن مىللىي روھنىڭ قوشۇلۇشىدا مەڭگۈ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ. چوپىننىڭ روھى مەڭگۈ يوقالمايدۇ. ئۇ ھەر بىر دەۋردىكى مۇزىكانتلارنى يېڭى دەۋر سەھىپىلىرىنى ئورۇنلاشقا ئىلھام بېرىدۇ.


www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

1 چوپىن 1810- يىلى ۋارشاۋادا دۇنياغا كەلدى. دادىسى ئەسلىي فرانسىيىلىك بولۇپ، كېيىن پولشاغا كۆچۈپ كەلگەن. ۋارشاۋادىكى
بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ فرانسـۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسـى ئىدى. ئۇ تەلەپچان، ئەمما ناھايىتى ئادىل كىشـى ئىدى. مۇزىكىغا قىزىقىدىغان
ئاپىسى پولشالىق بولۇپ پىئانىنونى ياخشى چالاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن دائىم لەرزان مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.




2 ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە، چوپىن كىچىكىدىن تارتىپلا باخ، مۇزات قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرىنىڭ مۇزىكا ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. ئۇنىڭ بىرىنچى مۇزىكا ئۇستازى روپنىر ئىدى. كومپوزىتور، قوشۇمچە دىرىژور ئەرسىنامۇ ئۇنىڭغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى.





www.uyghurkitap.com

3 كەپسىزلىك قىلغان چوپىنغا ئانىسى قۇلىقىنى بوشقىنە سوزۇپ قويۇش ۋە ئۇنى پىئانىنونىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ مۇزىكا مەشىق قىلىشقا بۇيرۇش جازاسى بېرەتتى. چوپىننىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كەلگەن ئابرۇيلۇق شەخسلەر ئۇنىڭ مۇزىكىسىدىن ھوزۇرلانغاندىن كېيىن ئۇنى ماختاپ كېتەتتى.




4 1818- يىلى ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ مۇزىكا كېچىلىكى ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن رىياسەتچى 7 ياشلىق چوپىننى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، تاماشىبىنلارغا ئۇنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى تالانتىنى تونۇشتۇردى. بىراق، ئەزىز مېھمانلار ئورنىدىكى ئوبزورچىلار چوپىننى ئانچە مەنسىتمىدى.





www.uyghurkitap.com


5 ئاسانلىقچە بىر نەرسە ياراتمايدىغان بىر ئوبزورچى بىردەم ئاغرىنغاندىن كېيىن، ئۇخلاشقا باشلىدى، بىراق چوپىننىڭ مۇزىكىسىغا ئەگىشىپ ئۇ ھەيران قېلىپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى ھەم ھاياجانلىنىپ ۋارقىراپ تاشلىدى.





6 چوپىن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا بىر قېتىم كانكولدا يېزىغا كەلدى. ئۇ ھەقىقىي تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قالدى. بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى نېمىدېگەن ساپ، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتتى.


www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

7 چوپىن خەلق مۇزىكىلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆز ئىجادىيىتىنى بېيىتتى. ئۇ مازۇركا ئۇسسۇلى مۇزىكىسىنى سىناپ يېزىشقا باشلىدى.
يېزا تۇرمۇشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەچكە چوپىننىڭ مۇزىكىلىرى قايناق ھېسسىياتقا تويۇندى. ئەسەرلىرىمۇ پىشىپ يېتىلدى ۋە ھاياتىي
كۈچكە ئىگە بولدى.



8 1827-يىلى كۈزدە چوپېن مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا كىرىپ مەشھۇر كومپوزىتور ئەسنارنىڭ قولىدا مۇزىكا ئۆگەندى . داڭلىق ئۇستىلار
ئۆزىنى مۇزىكا ساھەسىدە يېڭى چولپانغا ئايلاندۇرالايدىغانلىقىنى، لېكىن ھەقىقىي ئۇستازنىڭ پەقەت سانسىزلىغان ئەمگەكچىلەر
ئىكەنلىكى چوپېنغا ئايان ئىدى.




9 چوپىن ئەسـسـارنىڭ ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىسـى ئىدى. ئۇ چوپىن ئىجادىيىتىدىكى خەلق ئۇسسۇل- مۇزىكىلىرىدا قوپال تەركىبلەر بار دەپ قارايتتى. بىراق ئۇ چوپىننى قايىل قىلالمىدى. يىللىق ئىمتىھاندا مۇئەللىمنىڭ چوپىنغا بەرگەن باھاسـى باشـقا ئوقۇغۇچىلاردىن تۆۋەن ئىدى.


www.uyghurkitap.com




10 مۇئەللىمى بىلەن بولغان پىكىر ئىختىلاپى چوپىننى ئازابلايتتى. دوستىنىڭ ئۆيىدىكى بىر قېتىملىق يىغىلىشتا، ئۇ پىئانىنو ئارقىلىق ۋەتەنگە بولغان مەدھىيىسى ۋە ئۆزىنى خەلق سەنئىتىگە بېغىشلاش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەندە شۇ يەردىكىلەرنىڭ بىردەك ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.




11 مۇزىكا ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە بەزى ساۋاقداشلىرىنىڭ قارشىلىقى، ئەكسىچە چوپىنغا ئىلھام بولدى. ئۇ تىرىشىپ ئەنئەنىۋى خەلق مۇزىكىلىرىغا يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە مەزمۇنلارنى قوشتى. ئۇنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى سىرداشلىرى بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپەيدى.



12 1829 - يىلى چوپىن لىق ئادەم بىلەن تولغان زالدا پىئانىنونىڭ ئالدىغا كېلىپ تەمكىنلىك بىلەن ئولتۇردى ھەم ئىنتايىن يېڭى ئاھاڭ ۋە ئاجايىپ ئورۇنلاش ماھارىتى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




13 ئۇستازى ئەسنار ئەڭ ئاخىرى چوپىنغا بولغان قارىشىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى قاتارىغا ئۆتتى، چوپىن ئوقۇش پۈتتۈرگەندە، ئۇ «مۇزىكا ساھەسىدىكى تالانت –فرىدېرك چوپىن» دەپ باھا سۆزى يازدى.



14 شۇ يىلى 5-ئايدا دۇنياغا داڭلىق ئىتالىيىلىك ئىسكرىپكا ئۇستىسى پاگىننى ۋارشاۋاغا كېلىپ ئويۇن قويدى. ئۇنىڭ ماھارىتىنى
كۆرگەن چوپىن ئاجايىپ ھەيران قالدى، بۇ ئۇستازنىڭ يۈكسەك ماھارىتى ئالدىدا، چوپىن زور بېسىم ھېس قىلدى .




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

15 فاگنىنىــى ئەلڭ ئاخىرقىــى مەيدان ئويۇن قويغان كۈنى چوپىن كوچىدا يېرىم كېچىگىچە تېڭىرقاپ يۈردى. ســەنئەتكار بولغۇچى ھەرقانداق رەقىبنى ئېتىراپ قىلماســلىقى كېرەك. چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇ سەنئەت پايتەختى ۋېناغا بېرىپ ئۆگىنىش ۋە ئويۇن قويۇش قارارىغا كەلدى.



16 1829- يىلى يازدا چوپىن ۋىناغا كەلدى. چوپىننىڭ ئىسمى بۇ يەردىكىلەرگە تونۇش ئىدى. «ئىمپېراتور تىياتىرخانىسى» دىكى مۇزىكا كېچىلىكىدە مۇزىكا سەۋىيىسى يۇقىرى ۋىنالىقلار چوپىنغا قىزغىن چاۋاكلارنى ياغدۇرۇۋەتتى.




17 1831 - يىلى ۋېناغا ۋارشاۋادا ئىنقىلاب پارتلىغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى، چوپىن دۆلىتىگە قايتىشنى قارار قىلدى، بىراق بېلەت ئالالمىدى، ئۇ ئىنتايىن تىت - تىت بولدى، ئاخىرى دادىسىنىڭ قايتماسلىق توغرىسىدىكى نەسىھەت خېتى بىلەن، شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى.




18 چوپىننىڭ تۇرمۇشــى قارىماققا ناھايىتى كۆڭۈللۈكتەك كۆرۈنسىمۇ ،ئىچكى دۇنياسىدا ۋەتەننى قاتتىق سېغىنغان ئىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى داڭلىق ئەسىرى ــــ «12- نومۇرلۇق ئىنقىلاب مەشىق مۇزىكىسى»، «گۈللۈكتىكى زەمبىرەك» دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە تاجاۋۇزچىلارغا بولغان تولۇپ -تاشقان غەزەپ-نەپرىتىنى تولۇق ئىپادىلىدى.



www.uyghurkitap.com

19 يېڭى ئەسەرلىرىنىڭ توختىماي ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ چوپىننىڭ داڭقى پۈتكۈل ياۋروپاغا تارقالدى. فرانسىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى گېرمانىيە مۇزىكانتى شۇماننىڭ: شىلەپەڭلارنى ئېلىڭلار ئەپەندىلەر، مانا بۇنىڭ ئۆزى تالانت" دېگەن گېپىنى چوپىنغا تەكرار- تەكرار تەبىقلايتتى.



20 1848- يىلى كېسەل ئازابىنى تارتىۋاتقان چوپىن پارىژدا ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇزىكا كېچىلىكىنى ئۆتكۈزدى. مۇزىكا كېچىلىكى مىسلىسىز كاتتا بولدى ، چوپىن ئەڭ ئاخىرقى بىر نوتىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن ، پۈتكۈل مەيدان ئۇن نەچچە سېكۇنت تىمتاسلىققا چۆمدى، ئاندىن كېيىن گۈلدۈرمامدەك ئالقىش سادالىرى ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا ياڭرىدى.




21 چوپىن فرانسىيىلىك مەشھۇر ئايال يازغۇچى جورجى. سان بىلەن بۇرۇن بىر مەزگىل بىرگە ئۆتكەن ئىدى. ئۇ كېسەل چاغدا
جورجى. سان كۆڭۈل قويۇپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، مۇشۇنداق كۆيۈنۈش چوپىننىڭ نۇرغۇن ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىغا
زور ئىلھام بولدى.

www.uyghurkitap.com



22 1849- يىلى 10- ئاينىڭ 19- كۈنى، پارىژدا ئۆپكە تۇبېركۇلىيوزى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ يىلى ئۇ ئاران 39 ياشتا ئىدى. چوپىن بۈيۈك رومانتىك مۇزىكانت، ئۇ پولشا مىللىي مۇزىكىسىنىڭ روھى بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇ پولشا خەلقىنىڭ پەخرى شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ پەخرى.

图书在版编目（CIP）数据

肖邦：维吾尔文/随力等编；缪维等绘；卡哈尔·普拉提译. —北京：民族出版社，2008.6
（托起明天的太阳. 世界杰出人物丛书）
ISBN 978-7-105-09379-3
Ⅰ.肖… Ⅱ.①随… ②缪… ③卡… Ⅲ.肖邦，F.（1810~1849）—生平事迹—少年读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K835.135.76-49

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第083672号

本书根据农村读物出版社2004年1月第1次印刷版本翻译出版

بۇ كىتاب جوڭگو يېزا ئوقۇشلۇقلىرى نەشرىياتىنىڭ 2004-يىل 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

翻　　　译：卡哈尔·普拉提
责 任 编 辑
责 任 校 对：多鲁洪·哈地尔
制　　　作：沙塔尔·沙拉木

تەرجىمە قىلغۇچى : قاھار پولات
مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : دولقۇن قادىر
بەتچىك : ساتتار سالام


出版发行：民族出版社
社　　址：北京市东城区和平里北街14号
电　　话：010-64290862
邮　　编：100013
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
经　　销：各地新华书店
开　　本：889毫米×1194毫米 1/24 印张：1
版　　次：2008年6月第1版
　　　　　2008年6月第1次印刷
印　　数：0001—3000册
书　　号：ISBN 978-7-105-09379-3/K.1409（维41）
定　　价：5.00元

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورو
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010-64290862
باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى : 2008-يىل 6-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008-يىل 6-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 889×1194 م م. 24 كەسلەم باسما تاۋىقى 1
سانى : 0001-3000
باھاسى : 5.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

翻　　译：卡哈尔·普拉提
责任编辑：多鲁洪·哈地尔
责任校对：多鲁洪·哈地尔

ۋاۋورادا تۇغۇلغان، قەلبىنى پولشاغا ئاتىغان،
تالانت ۋە پاراستى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان.
—— پولشانىڭ رومانتىك شائىرى سىپرىئەن
كامىلنورۋىد





ISBN 978-7-105-09379-3
定价：5.00元